شىنجاڭ گېزىتى

新疆日报

2020 - يىل 10 - ئاي
15
پەيشەنبە
维吾尔文 10 月15日

新疆日报网: www.xjdaily.com شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى
CN 65—0002/—W :مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1—57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 25215 - سان بۈگۈن 8 بەت

10 - ئاينىڭ 14 - كۈنى، شېنجېن ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنى گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىنىڭ شېنجېن شەھىرىدە داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ يىغىندا مۇھىم سۆز قىلدى. سۈرەتتە: شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن، شى جىنپىڭ لىيەنخۇاشەن باغچىسىغا كېلىپ، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ مىس ھەيكىلىگە گۈل سېۋىتى تەقدىم قىلماقتا.

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى ۋاڭ يې فوتوسى

شېنجېن ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنى داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى

شى جىنپىڭ مۇھىم سۆز قىلدى

خەن جېڭ قاتناشتى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، شېنجېن، 10 - ئاينىڭ 14 - كۈنى تېلېگراممىسى شېنجېن ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنى 10 - ئاينىڭ 14 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىنىڭ شېنجېن شەھىرىدە داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ يىغىندا مۇھىم سۆز قىلىپ مۇنداق تەكىتلىدى: جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، «بەشنى بىر گەۋدە قىلىش» ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرمىسىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، «تۆت ئومۇمىيۈزلۈك» ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرمىسىنى ماس ئالغا سىلجىتىپ، دۆلىتىمىزنىڭ يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا كىرگەن ئومۇمىي ۋەزىيىتىنى چىقىش قىلىپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىشنى چىڭ كۆزلەپ، توختىماي ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان كۈرەش قىلىش ھالىتى، بوران - چاپقۇنمۇ توسۇيالمايدىغان روھىي ھالەت بىلەن، ئىسلاھاتنى توختىتىپ قويماي، ئېچىۋېتىشنى توختىتىپ قويماي، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى تېخىمۇ يۇقىرى باشلىنىش نۇقتىسىدىن ئالغا سىلجىتىپ، ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايون خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشقا تۈرتكە بولۇپ، ئومۇمىيۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش، ئىككىنچى 100 يىللىق كۈرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن يېڭى، تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇش كېرەك.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى خەن جېڭ يىغىنغا قاتناشتى.

شېنجېن چيەنخەي خەلقئارا يىغىن مەركىزىدە چىراغلار چاقناپ تۇراتتى، كەيپىيات قىزغىن ئىدى. يىغىن مەيدانىغا: شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزمدا ئالدىن يۈرۈش ئۈلگە كۆرسىتىش رايونى قۇرۇش يۆنىلىشىگە قاراپ ئىلگىرىلەپ، ئومۇمىيۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش يېڭى مۇساپىسىنى باشلاش داۋامىدا يېڭى، تېخىمۇ زور تۆھپە قوشايلى! دېگەن پىلاكات ئېگىز ئېسىلغانىدى.

يىغىن سائەت 10دىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە باشلاندى. ھەممەيلەن ئورنىدىن تۇرۇپ، يۇقىرى ئاۋازدا دۆلەت شېئىرىنى ئېيتتى.

قىزغىن ئالقىش سادالىرى ئىچىدە شى جىنپىڭ مۇھىم سۆز قىلدى. ئۇ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايون قۇرۇش پارتىيە ۋە دۆلەت ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان ئۇلۇغ ئىجادىي ھەرىكەت. ئۇزاقتىن بۇيان، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكى ۋە پۈتۈن مەملىكەتنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشىدا، ھەرقايسى ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايونلار ئىدىيەدە ئازاد بولۇپ، ئىسلاھ قىلىپ يېڭىلىق يارىتىپ، بۇرچنى دادىل زىممىگە ئېلىپ، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئۇلۇغ مۇساپىسىدە دولقۇننىڭ بېشىدا مەزمۇت تۇرۇش، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەشنىڭ سالتەنەتلىك سەھىپىسىنى پۈتۈپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن مۇھىم، زور تۆھپە قوشتى.



10 - ئاينىڭ 14 - كۈنى، شېنجېن ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنى گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىنىڭ شېنجېن شەھىرىدە داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ يىغىندا مۇھىم سۆز قىلدى. □ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى جۇ پېڭ فوتوسى

شى جىنپىڭ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن ۋە مەركىزىي ھەربىي كومىتېتقا ۋاكالىتەن ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايوننىڭ كەڭ قۇرغۇچىلىرى، ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايون قۇرۇلۇشىغا تۆھپە قوشقان بارلىق يولداشلارغا سەمىمىي سالام يوللىدى! ھەرقايسى مېھمانلارغا، ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايون قۇرۇلۇشىغا كۆڭۈل بۆلگەن ۋە مەدەت بەرگەن دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى ھەرساھە زاتلارغا چىن كۆڭلىدىن رەھمەت ئېيتتى!

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: شېنجېن ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن كېيىن پارتىيە ۋە خەلق بىر قوللۇق بەرپا قىلغان يېپيېڭى شەھەر، جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ بىر پارچە ئاق قەغەزدىكى ئېسىل نامايەندىسى. 40 يىلدىن بۇيان، شېنجېن ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى جاسارەت بىلەن ئازاد قىلىپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىشنى زور كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتىپ، چېگرا رايوندىكى قالاق بىر كىچىك بازاردىن يەر شارىۋى تەسىر كۈچكە ئىگە خەلقئارالاشقان چوڭ شەھەرگە ئايلىنىشتەك تارىخىي خاراكتېرلىك ھالقىشنى ئىشقا ئاشۇردى؛ ئىدىيەدە ئازاد بولۇش، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەشتە چىڭ تۇرۇپ، باشلامچىلىق بىلەن بازارنى يۈزلىنىش قىلغان ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىپ، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىدىن ئىسلاھاتنى ئومۇمىيۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇشقىچە بولغان تارىخىي خاراكتېرلىك ھالقىشنى ئىشقا ئاشۇردى؛ «كىرگۈزۈش» بىلەن «چىقىرىش»نى يولغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، خەلقئارا ۋە دۆلەت ئىچىدىكى ئىككى بازار، ئىككى خىل بايلىقتىن پايدىلىنىپ، يەر شارىۋى مەبلەغنى پائال جەلپ قىلىپ، ئىمپورت - ئېكسپورت سودىسىنى ئاساس قىلىشتىن ھەر تەرەپلىمە يۇقىرى سەۋىيەلىك سىرتقا ئېچىۋېتىشكىچە بولغان تارىخىي خاراكتېرلىك ھالقىشنى ئىشقا ئاشۇردى؛ سوتسىيالىستىك دېموكراتىك سىياسىينى راۋاجلاندۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، خەلقنىڭ سۇبيېكتلىق ئورنىغا ھۆرمەت قىلىپ، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشىنى پائال يېتىلدۈرۈپ ۋە ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىن سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيلىك، سىياسىي مەدەنىيلىك،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايونلارنى تېخىمۇ ياخشى قۇرۇش، تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەدە قۇرۇش كېرەك

—— باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ شېنجېن ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا

□ خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى

ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايون قۇرۇش پارتىيە ۋە دۆلەت ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان ئۇلۇغ ئىجادىي ھەرىكەت. 1980 - يىلى 8 - ئايدا پارتىيە ۋە دۆلەت شېنجېن، جۇخەي، شەنتۇ، شيامېندا ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايون تەسىس قىلىشنى تەستىقلىدى، 1988 - يىلى 4 - ئايدا يەنە خەينەن ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايونى قۇرۇشنى تەستىقلاپ، ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايونلارنىڭ پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى مۇھىم كۆزنەكلىك ۋە ئۈلگىلىك، تۈرتكىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇشنى ئېنىق تەلەپ قىلدى. ئۇزاقتىن بۇيان، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكى ۋە پۈتۈن مەملىكەتنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشىدا، ھەرقايسى ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايونلار ئىدىيەدە ئازاد بولۇپ، ئىسلاھ قىلىپ، يېڭىلىق يارىتىپ، بۇرچنى دادىل زىممىگە ئېلىپ، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئۇلۇغ مۇساپىسىدە دولقۇننىڭ بېشىدا مەزمۇت تۇرۇش،

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

لياۋنىڭ ئۆلكىسىنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت ۋەكىللەر ئۆمىكى شىنجاڭغا كېلىپ نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىنى تەكشۈردى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **يۈەن لېي، لى ياڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 10 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىن 14 - كۈنىگىچە، لياۋنىڭ ئۆلكىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى شيا دېبىن لياۋنىڭ ئۆلكىسىنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت ۋەكىللەر ئۆمىكىنى باشلاپ شىنجاڭغا كېلىپ نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ، ئىككى جاينىڭ ھەمكارلىقى، ئالماشتۇرۇشىغا تۈرتكە بولدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى نۇرلان ئابىلمەجىن ئالاقىدار پائالىيەتلەرگە قاتناشتى.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

---

3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنەيلى، ئىزچىللاشتۇرايلى
تىرىشىپ يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقايلى

كۆزىتىشكە يېتەكچىلىك قىلىش - ھەيدەكچىلىك قىلىش خىزمىتى بويىچە مەخسۇس تېمىلىق تەربىيەلەش يىغىنى ئېچىلدى

ۋاڭ خۇڭجىن تەربىيەلەشكە يېتەكچىلىك قىلدى، چېن چۈەنگو سۆز قىلدى، ۋاڭ رۇڭجۈن، ۋاڭ جۈنجېڭ، لى پېڭشىن قاتناشتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **ياۋ تۇڭ، ۋاڭ شىڭرۇي** خەۋەر قىلىدۇ: يېقىندا، مەركەز 6 - كۆزىتىش گۇرۇپپىسى ئاپتونوم رايونىمىزغا كىرىپ ئورۇنلىشىپ كۆزىتىشنى قانات يايدۇردى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، 5 - كۆزىتىشكە يېتەكچىلىك قىلىش - ھەيدەكچىلىك قىلىش گۇرۇپپىسى ماس قەدەمدە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ كۆزىتىش - تەكشۈرۈش خىزمىتىگە قارىتا يېتەكچىلىك قىلىش - ھەيدەكچىلىك قىلىشنى قانات يايدۇردى. 10 - ئاينىڭ 14 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، كۆزىتىشكە يېتەكچىلىك قىلىش - ھەيدەكچىلىك قىلىش خىزمىتى بويىچە مەخسۇس تېمىلىق تەربىيەلەش يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. مەركەز كۆزىتىش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، ئىشخانا مۇدىرى ۋاڭ خۇڭجىن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرى ۋە باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم بايانلىرىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى كۆزىتىش خىزمىتىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىش توغرىسىدا مەخسۇس تېمىدا تەربىيەلەشكە يېتەكچىلىك قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى، مەركەز 6 - كۆزىتىش گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى ۋاڭ رۇڭجۈن يىغىنغا قاتناشتى.

مەركەز 6 - كۆزىتىش گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقلىرىدىن چىن بىن، مېڭ لىشىڭ، 5 - كۆزىتىشكە يېتەكچىلىك قىلىش - ھەيدەكچىلىك قىلىش گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى يوۋ مېيپىڭ ۋە مەركەز 6 - كۆزىتىش گۇرۇپپىسى، 5 - كۆزىتىشكە يېتەكچىلىك قىلىش - ھەيدەكچىلىك قىلىش گۇرۇپپىسىدىكى ئالاقىدار يولداشلار؛ ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن ۋاڭ جۈنجېڭ، لى پېڭشىن، شۇ خەيرۇڭ، لى يىفېي يىغىنغا قاتناشتى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى ياڭ شىن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

ۋاڭ خۇڭجىن مەخسۇس تېمىلىق تەربىيەلەشكە يېتەكچىلىك قىلغاندا، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرى ۋە باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ كۆزىتىش خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرى، بولۇپمۇ پارتىيە 19 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيانقى يېڭى ئورۇنلاشتۇرما، يېڭى تەلەپلەرنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى زىچ چۆرىدەپ، بەش جەھەتتىن چوڭقۇر شەرھلەپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە پارتىيەلىك كادىرلارنىڭ شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى سىجىل چوڭقۇر ئۆگىنىپ، تولۇق ئۆزلەشتۈرۈپ، ئەمەلىي ئىشلەپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ كۆزىتىش خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىنى چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈپ، چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيەنى ئومۇمىيۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشنى ئالغا سىلجىتىشى ئۈچۈن جانلىق دەرس ئۆتتى.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

خەلق تۇرمۇشىغا زىچ يېقىنلىشىپ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولايلى

—— 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا

□ گېزىتىمىز ئوبزورچىسى

3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ «تەرەققىيات شىنجاڭنىڭ ئەبەدىي ئەمىنلىكىنىڭ مۇھىم ئاساسى» دەپ كۆرسەتتى ھەم 2 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان «شىنجاڭنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، شىنجاڭنى ئىتتىپاقلىشىپ مۇقىم قىلىش، شىنجاڭنى ئۇزاققىچە گۈللەندۈرۈش»تە چىڭ تۇرۇشنى «شىنجاڭنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، شىنجاڭنى ئىتتىپاقلىشىپ مۇقىم قىلىش، شىنجاڭنى مەدەنىيەت ئارقىلىق ئوزۇقلاندۇرۇش، خەلقنى بېيىتىپ شىنجاڭنى روناق تاپقۇزۇش، شىنجاڭنى ئۇزاققىچە گۈللەندۈرۈش»كە كېڭەيتتى. مەيلى تەرەققىياتنىڭ شىنجاڭ خىزمىتى باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى مۇھىم ئەھمىيىتىنى شەرھلەشتە بولسۇن، ياكى «خەلقنى بېيىتىپ شىنجاڭنى روناق تاپقۇزۇش»نى مۇھىم ئورۇنغا قويۇشتا بولسۇن، ھەممىسىگە يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ گۈزەل تۇرمۇش كەچۈرۈشكە بولغان سەمىمىي ئۈمىدى سىڭگەن.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)